# كوممۇنىستىك ئەخلاق توغرىسىدا لېكسىيەلەر

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

# توغرىسىدا توغرىسىدا توغرىسىدا لېكسىيىلەر

مەركىزىي خەلق رادىيو ئىستانسىسى نەزەرىيە،
سىياسى - قانۇن بۆلۈمى تۈزگەن

ئىمىن غازى تەرجىمىسى

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

# كوممۇنىستىك ئەخلاق توغرىسىدا لېكسىيەلەر

تۈزگۈچى: مەركىزىي خەلق رادىيو ئىستانسىسى نەزەرىيە،

سىياسى - قانۇن بۆلۈمى

تەرجىمە قىلغۇچى: ئىمىن غازى

*

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى

(ئۈرۈمچى شەھەر ئازادلىق كوچا №306)

شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدىن تارقىتىلدى

شىنجاڭ شىنخۇا باسما زاۋۇتىدا تىزىلدى

ئۈجاچۇ باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى

فورماتى: 787×1092 م·م 1/32 باسما تاۋىقى: 7·875

1982 - يىل 11 - ئاي 1 - نەشرى

1983 - يىل 3 - ئاي 1 - بېسىلىشى

كىتاب نومۇرى: M3098·583

تىرازى: 1 — 3،000

باھاسى: 0·27 يۈەن

共产主义道德讲座　（维吾尔文）

中央人民广播电台理论政法部编　伊敏·哈孜译

新疆人民出版社出版

（乌鲁木齐市解放路306号）

新疆新华书店发行　新疆新华印刷厂排版

五家渠印刷厂印刷

787×1092毫米32开本7.875印张

1982年11月第1版　1983年8月第1次印刷

印数：1—3,000

统一书号：M3098·583　定价：0·27元

# مۇندەرىجە


بىرىنچى لېكسىيە نوۋەتتە كوممۇنىستىك ئەخلاق توغ-
رىسىدا تەربىيە ئېلىپ بېرىشنىڭ مۇھىم
ئەھمىيىتى ..............................
كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقى مەركىزىي كومى-
تېتى شۇجىسى جۇ پېڭچېڭ .............. 1
ئىككىنچى لېكسىيە ئەخلاق دېگەن نېمە؟ ............ 13
مەركىزىي خەلق رادىيو ئىستانسىسى تەزدىرىيە،
سىياسى-قانۇن بۆلۈمى جاڭ شۇيىلىيەن ......
ئۈچىنچى لېكسىيە كوممۇنىستىك ئەخلاق — ئەڭ ئالى-
جاناپ ئەخلاق ..............................
جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى پەلسەپە
تەتقىقات ئورنى لىيو چىلىن .............. 33
تۆتىنچى لېكسىيە كوللېكتىۋىزم — كوممۇنىستىك ئەخ-
لاقنىڭ يادروسى ..............................
شاڭخەي سىفەن داشۆيۈەننىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى
جۇ يۈەنبىڭ .............................. 44
بەشىنچى لېكسىيە سوتسىيالىستىك ۋەتەننى قىزغىن
سۆيۈش — كوممۇنىستىك ئەخلاقنىڭ مۇھىم
پىرىنسىپى ..............................
فۇدەن داشۆيۈەننىڭ مۇدىرى سۇ بۇچىڭ ........ 56
ئالتىنچى لېكسىيە سوتسىيالىستىك ئەمگەككە خوجايىن-


此为试读，需要完整PDF请访问：www.ertongbook.co

لىق پوزىتسىيىدە مۇئامىلە قىلىش — پۇرولې،
تارىياتنىڭ ئالىجاناپ گۈزەل ئەخلاقى ......
كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقى مەركىزىي كومى-
تېتى لى رۇيخۇەن ........................ 66
يەتتىنچى لېكسىيە جامائەتنىڭ مال - مۈلكىنى
ئاسراش — كوممۇنىستىك ئەخلاقنىڭ مۇھىم
بەلگىسى ....................................
جۇڭگو خەلق داشۆبىسى پەلسەپە فاكۇلتېتى
سۇڭ شىرېن ............................ 91
سەككىزىنچى لېكسىيە ئىلىم - پەننى ئۆگىنىش، ئىلىم -
پەننى سۆيۈش بىر خىل ياخشى ئەخلاقىي پەزىلەت
جۇڭگو پەن - تېخنىكىنى ئومۇملاشتۇرۇش ئەسەر -
لىرى ئىجادىيەت جەمئىيىتىنىڭ پەخرى رەئىسى
گاۋ شىچى ................................ 104
توققۇزىنچى لېكسىيە مەدەنىيەتلىك، ئەدەپلىك بولۇش -
نەك ياخشى ئادەتنى يېتىلدۈرەيلى..........
مەركىزىي خەلق رادىيو ئىستانسىسى نەزىرىيە،
سىياسى - قانۇن بۆلۈمى بەي چيەنچېڭ ...... 109
ئونىنچى لېكسىيە مۇھەببەت، نىكا مەسىلىسىدىكى كوم -
مۇنىستىك ئەخلاق قارىشى ..................
جۇڭگو خەلق داشۆبىسى ياڭ داۋېن ............ 123
ئون بىرىنچى لېكسىيە ياشانغانلارنى ھۆرمەتلەش ۋە
بېقىش — ئىجتىمائىي ئومۇمىي ئەخلاق ..........
مەركىزىي خەلق رادىيو ئىستانسىسى نەزىرىيە،
سىياسى - قانۇن بۆلۈمى لى جېڭرۇڭ ...... 135
ئون ئىككىنچى لېكسىيە كوممۇنىستىك ئەخلاق بىلەن
پەرزەنتلەرنى تەربىيىلەش — ئاتا - ئانىنىڭ

مەجبۇرىيىتى ..............................
مەركىزىي خەلق رادىيو ئىستانسىسى نەزدىرىيە،
سىياسى - قانۇن بولۇمى لىي جېڭرۇك ......... 148

ئون ئۈچىنچى لېكسىيە ئىنتىزامىغا، قانۇنغا ئەمەل
قىلىش — كوممۇنىستىك ئەخلاقىنىڭ
ئاساسىي تەلەۋى ..........................
جۇڭگو ئىجتىمائى پەنلەر ئاكادېمىيەسى قانۇنشۇ -
ناسلىق تەتقىقات ئورنى ۋۇدايىڭ، ليۇخەن ... 159

ئون تۆتىنچى لېكسىيە ئازغان ياش - ئۆسمۈرلەرگە
ياردەم بېرىش، ئۇلارنى تەربىيىلەۋېلىش ۋە
قۇتقۇزۇۋېلىش — نوۋەتتە كوممۇنىستىك ئەخ -
لاقنى يېتىشتۈرۈشتىكى مۇھىم بىر خىزمەت ...
مائارىپ مىنىستىرلىكى ۋاڭ شىڭچۈەن ......... 179

ئون بەشىنچى لېكسىيە ئەدەبىيات - سەنئەتنىڭ ئەخلاق
تەربىيىدىكى رولىغا ئەھمىيەت بېرەيلى......
جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى ئەدەبىيات تەتقىقات
ئورنى خىي ۋېنشۈەن ......................... 189

ئون ئالتىنچى لېكسىيە پارتىيە ئىستىلىنى ياخشىلاپ،
ئىجتىمائى كەيپىياتنىڭ ياخشىلىنىشىنى ئىل -
گىرى سۈرەيلى ..............................
جۇڭگو خەلق ئازاتلىق ئارمىيىسى سىياسى
ئىنىستىتوتى لى چىڭخۇاڭ.................... 201

ئون يەتتىنچى لېكسىيە قانداق قىلغاندا ياش - ئۆس -
مۈرلەر كوممۇنىستىك ئەخلاقى پەزىلەتىنى
يېتىشتۈرگىلى ۋە يۇقۇرى كوتەرگىلى بولىدۇ...
كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقى مەركىزىي كومىتېتى
گاۋ جەنشياڭ ................................ 212

# بىرىنچى لېكسىيە

## نۆۋەتتە كوممۇنىستىك ئەخلاق توغرىسىدا تەربىيە ئېلىپ بېرىشنىڭ مۇھىم ئەھمىيىتى

كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقى مەركىزىي كومىتېتى شۇجىسى جۇ پېڭچېڭ

كوممۇنىستىك ئەخلاق توغرىسىدا تەربىيە ئېلىپ بېرىش ئىنتايىن ئەھمىيەتلىك بىر ئىش. پارتىيىمىز تارىختىن بۇيان، بۇ جەھەتتىكى خىزمەتكە ئىنتايىن ئەھمىيەت بېرىپ كەلدى ھەم بىر خىل ئېسىل ئەنئەنىنى شەكىللەندۈردى. كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقى كوممۇنىستىك ئەخلاق توغرىسىدا تەربىيە ئېلىپ بېرىشنى ئىزچىل تۈردە ياش-ئۆسمۈرلەرنى تەربىيىلەش ۋە يېتىشتۈرۈشنىڭ مۇھىم مەزمۇنى قىلىپ كەلدى. لېكىن، لىن بياۋ ۋە "تۆت كىشىلىك گۇرۇھ" زورلۇق-زومبۇلۇق قىلغان مەزگىلدە، كوممۇنىستىك ئەخلاقنى كومپارتىيە ئەزالىرىنىڭ تەربىيىلىنىشى بىلەن بىرلىكتە "ئىدىيالىزم"، "رېۋىزىونىزم" دەپ قارىلىپ تەنقىت قىلىندى ۋە ۋەيلۇن دوزاققا تاشلاندى، كىشىلەر كوممۇنىستىك ئەخلاق توغرىسىدا تەربىيە ئېلىپ بېرىش ۋە تەربىيىلىنىش ئۈستىدە ئېغىز ئاچالمايدىغان قىلىپ قويۇلدى. لىن بياۋ ۋە "تۆت كىشىلىك گۇرۇھ" پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، ئۇرۇش،

چېقىش، بۇلاش، تېنىتىش، تۇتۇپ كېتىش، سولاپ قويۇش، نەزەربەنت قىلىش قاتارلىق ئىنسان قېلىپىدىن چىققان زوراۋانلىق ھەركەتلەرنى قوللىنىش ئارقىلىق، فېئودال فاشىستىك ئەخلاقنى ھەدەپ تەرغىپ قىلدى، ئادەم بىلەن ئالۋاستىنى ئارىلاشتۇرۇۋەتتى، راست بىلەن يالغاننى، ياخشى بىلەن ياماننى، گۈزەللىك بىلەن رەزىللىكنى ئاستىن-ئۈستۈن قىلىۋەتتى، شۇنىڭ بىلەن خېلى بىر قىسىم كىشى-لەرنىڭ ئەخلاقىي سەۋىيىسى تۆۋەنلەپ كەتتى، ئىجتىمائىي كەيپىيات چېكىنىپ كەتتى. شۇڭا، كوممۇنىستىك ئەخلاق توغرىسىدىكى تەربىيىنى كۈچەيتىش، بۈگۈنكى كۈندە يالغۇز بىر خىل جىددىي ۋەزىپە بولۇپلا قالماستىن، بەلكى چوڭقۇر ئىستىراتېگىيىلىك ئەھمىيەتكە ئىگە ئىش بولۇپ قالدى.

يولداش ماۋزېدۇڭ دېموكراتىك ئىنقىلاپ دەۋرىدە، بارلىق ئىنقىلاۋىي ياشلارنى جاك سىدي، بېتيون قاتارلىق يولداشلاردىن ئۆگىنىپ، ئالىيجاناپ كىشىلەردىن بولۇشقا چاقىرغان ئىدى. سوتسىيالىزم دەۋرىدە، پۈتۈن مەملىكەت خەلقى ۋە ياش-ئۆسمۈرلەرنى يولداش لېي فېڭدىن ئۆگى-نىپ، ئالىيجاناپ پەزىلەتلىك كوممۇنىزم جەڭچىلىرىدىن بو-لۇشنى تەلەپ قىلغان ئىدى. يولداش لىيۇ شاۋچىنىڭ «كوم-پارتىيە ئەزالىرىنىڭ تەربىيىلىنىشى توغرىسىدا» دېگەن ئەسىرى كەڭ كومپارتىيە ئەزالىرىنىڭ پارتىيىۋىلىك تەربىيىلىنىشىنى كۈچەيتىشتە، يېڭى جۇڭگو ياش ئەۋلاتلىرىنىڭ ساغلام ئۆسۈپ، يېتىلىشىدە ئىنتايىن مۇھىم يېتەكچىلىك رول ئوي-نىدى. "تۆت كىشىلىك گۇرۇھ" تارمار قىلىنغاندىن بۇيان، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى، 4 نى زامانىۋىلاشتۇرۇشقا يۈرۈش قىلىشتىن ئىبارەت مۇھىم تارىخىي دەۋردە ياش-ئۆسمۈر-

لەرگە بولغان ئىدىيىۋى سىياسى خىزمەتنى، كوممۇنىستىك ئەخلاق توغرىسىدىكى تەربىيىنى كۈچەيتىشنى كوپ قېتىم ئوتتۇرىغا قويدى. مېنىڭچە، مۇشۇنداق قىلىشنىڭ مۇھىم ئەھمىيىتىنى مۇنداق ئۈچ جەھەتتىن چۈشىنىش كېرەك:

ئالدى بىلەن، كوممۇنىستىك ئەخلاق توغرىسىدا تەربىيە ئېلىپ بېرىش قالايمىقانچىلىقنى ئوڭشاش ۋە ئىجتىمائى كەيپىياتنى ياخشىلاشنىڭ ئېھتىياجى. ھەممىگە مەلۇم، يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن تارتىپ 60 - يىللارنىڭ بېشىغىچە بولغان ئارىلىقتا، پارتىيىنىڭ رەھبەرلىكى ۋە تەربىيىسىدە، كونا جۇڭگو قالدۇرۇپ كەتكەن ئېكسپىلاتاتسىيە قىلغۇچى سىنىپلارنىڭ ئەخلاقى كوزقارىشى ۋە چىرىك ئىجتىمائى كەيپىيات ئۈزلۈكسىز تازىلانغان، يېڭى ئىنقىلاۋى ئەخلاق-پەزىلەت پەيدىن - پەي شەكىللەنگەن ھەم ئۇلغايغان، جەمىيىتىمىزدە يېپ - يېڭى بىر خىل كەيپىيات مەيدانغا كەلگەن ئىدى. ئۇ چاغلاردا، كەڭ ياش - ئۇسمۇرلەر ئالىجاناپ ئىنقىلاۋى غايىگە ئىگە ئىدى، سوتسىيالىستىك ۋەتىنىمىزنى قىزغىن سۆيەتتى، پارتىيە ۋە ھوكۇمەتنىڭ چاقىرىقىغا ئاكتىپ ئاۋاز قوشۇپ جەمىيەت تەرتىۋىنى ئاڭلىق قوغدايتتى، جامائەت ئىنتىزامىغا ئاڭلىق رىئايە قىلىپ، دۈشمەنلەر ۋە بۇزۇق ئۇنسۇرلارغا قارشى كۇرەش قىلالايتتى، باتۇرلۇق بىلەن ئوزىنى قۇربان قىلىشتەك روھقا ئىگە ئىدى، لېي فېڭ شۇ دەۋردىكى ئېلىمىز ياش - ئۇسمۇرلىرىنىڭ ئاتاقلىق ۋەكىلى ئىدى، لېي فېڭدىن ئۆگىنىپ، ياخشى ئىش قىلىش — شۇ دەۋردىكى ئىجتىمائى كەيپىياتنىڭ روشەن بىر ئالاھىدىلىكى ئىدى، ئېلىمىزنىڭ شۇ چاغدىكى ئىجتىمائى كەيپىياتى يالغۇز جۇڭگو تارىخىدىلا كورۇلۇپ باقمىغان ئىش

بولۇپلا قالماستىن، بەلكى دۇنيا خەلقىنىڭمۇ قىزغىن ماخ-
تىشىغا سازاۋەر بولغان ئىدى.

لىن بياۋ ۋە "تۆت كىشىلىك گۇرۇھ" پەيدا قىلغان 10
يىللىق بالايى-ئاپەت كىشىلەرنىڭ ئىدىيىسىنى قالايمىقان-
لاشتۇرۇۋەتتى، پارتىيىنىڭ ئېسىل ئەنئەنىسىنى ۋە سوتسى-
يالىستىك ئەخلاقىي پەزىلەتنى ئېغىر ھالدا بۇزۇۋەتتى.
لىن بياۋ ۋە "تۆت كىشىلىك گۇرۇھ" كوممۇنىستىك ئەخ-
لاقنى تەكىتلەشنى بۇرژۇئازىيىنىڭ "ئادەمگەرچىلىك پەل-
سەپىسى"نى تەرغىپ قىلغانلىق، دەپ ھاقارەت قىلدى،
ئەخلاقىي تەربىيىلىنىشكە دائىر كىتاپلارنى بىراقلا "زەھەر-
لىك چۆپ" دەپ ئەيىپلىدى، پرولېتارىياتلىق ئەخلاقىي
پەزىلەتكە ئىگە كىشىلەرنى "رىۋىزىونىزىم مايىسى"، "قۇل"،
"قوزا" دەۋالدى، سوتسىيالىزىم ئىشلىرىغا ئېغىر ھالدا
بۇزغۇنچىلىق قىلغان، مەخسۇس ئۇرۇش، چېقىش، بۇلاش
بىلەن شۇغۇللانغان كىشىلەرنى "دەۋر قەھرىمانلىرى"،
"ئىنقىلاۋىي ئەزىمەتلەر" دەپ كۆككە كۆتەردى. مۇشۇنداق
ئېقىمغا قارشى شۇملۇقلار جەمئىيىتىمىزدە يامان ئاقىۋەتلەرنى
پەيدا قىلىپ، ياش-ئۆسمۈرلەرنى روھىي جەھەتتە ئېغىر
جاراھەتلەندۈردى. "تۆت كىشىلىك گۇرۇھ" تارمار قىلىن-
غاندىن كېيىن، ئىجتىمائىي كەيپىيات ۋە ياش-ئۆسمۈرلەرنىڭ
ئەخلاقىي پەزىلىتى خەلق ئىگىلىگىمىزنىڭ ئەسلىگە كەلتۈرۈ-
لۈشىگە ۋە راۋاجلىنىشىغا، سىياسىي-ئىدىيىۋى خىزمەتنىڭ
ئۈزلۈكسىز كۈچەيتىلىشىگە ئەگىشىپ، ئىنتايىن زور دەرىجىدە
ياخشىلانماقتا، ياشلار ئارىسىدا بىر مەھەل تېڭىرقاپ يۈر-
گەن ۋە چۈشكۈنلەشكەن بىر قىسىم كىشىلەر روھلانماقتا.
ۋەتەننى قىزغىن سۆيىدىغان، سىياسىغا كۆڭۈل بۆلىدىغان،



此为试读,需要完整PDF请访问: www.ertongbook.com

تىرىشىپ ئۆگىنىدىغان، ھەقىقەتنى ئىزلەيدىغان، كېلەچەككە ئىنتىلىدىغان كىشىلەر بارغانسېرى كۆپەيمەكتە. ھەرقايسى سەپلەردە "يېڭى ئۇزۇن سەپەرنىڭ زەربىدارلىرى"، "ئۈچتە ياخشى ئوقۇغۇچىلار" ۋە لېي فېڭدىن ئۆگىنىپ، يېڭى كەيپىيات تىكلىگەن نەمۇنىچى ياشلار كۆپلەپ مەيدانغا كەلمەكتە. بۇ — ئېلىمىز ياش - ئۆسمۈر ئەۋلادلىرىنىڭ ماھىيىتى ۋە ئاساسىي ئېقىمى. لېكىن يەنە شۇنىمۇ كۆرۈش كېرەككى، قالايمىقانچىلىق بولغان يىللاردا ياشلاردا شەكىللەنگەن ئاشۇنداق خاتا ئەخلاق قارىشى "تۆت كىشىلىك گۇرۇھ"نىڭ تارمار قىلىنىشى بىلەن ئۆزلۈكىدىن يوقاپ كەتمەيدۇ، بىز توغرا تەربىيە ۋە يېتەكلەش ئارقىلىقلا ئۇلارنىڭ ئىدىيىدە بۇرۇلۇش ياسىشىغا، ھەق - ناھەقنى ئېنىق ئايرىۋېلىشىغا، كوممۇنىستىك ئەخلاق قارىشىنى پەيدىن - پەي مۇقىم تۇرغۇزۇۋېلىشىغا ياردەم بېرەلەيمىز. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، يەنە شۇنى كۆرۈشىمىز كېرەككى، ئېلىمىزدە پومېشچىك، بۇرژۇئازىيە سىنىپ تەرىقىسىدە مەۋجۇت بولمىسىمۇ، ئۇلارنىڭ ئىدېئولوگىيىسىنىڭ قالدۇق زەھەرلىرى تېخى بار. بۇرژۇئازىيىنىڭ نەپسانىيەتچىلىكى، شەخسىيەتچىلىكى ۋە چىرىك تۇرمۇش ئۇسۇلى يەنىلا ياش - ئۆسمۈرلەر ئارىسىدا ئۆز تەسىرىنى كۆرسىتىۋاتىدۇ. ئېلىمىزنىڭ كاپىتالىستىك ئەللەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنىڭ كۆپىيىشىگە ۋە سەيلە - ساياھەت ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، بۇنداق تەسىرنى تارقىتىدىغان يوللار كۆپىيىشى مۇمكىن. پومېشچىكلار سىنىپىنىڭ فېئودال مۇستەبىتلىكىمۇ ياش - ئۆسمۈرلەرنىڭ ساغلام ئۆسۈپ - يېتىلىشىنى ھەممە جەھەتتىن بوغىدۇ ياكى ئۇنىڭغا توسالغۇ بولىدۇ. بەزى ياش - ئۆس-

مۇرلەر خاتا ھالدا "بۇرادەرچىلىك ۋىجدانى"، "گۇرۇھۋاز-
لىق ئىدىيىسى" نى ئۆزىگە دوست تۇتۇپ، "بۇرادەر" لىرى
ئۈچۈن قانۇن-ئىنتىزامغا خىلاپلىق قىلىشتىن يانمىدى. بۇ،
فېئوداليزىمنىڭ قالدۇق زەھىرىگە ئۇچرىغانلىقىنىڭ بىر خىل
ئىپادىسى. شۇڭا، كونا جەمئىيەتتىن قېپقالغان، لىن بياۋ ۋە
"تۆت كىشىلىك گۇرۇھ" يېڭىۋاشتىن تارقاتقان كونا ئىدىيە
ۋە كونا ئەخلاقنىڭ قالدۇق زەھەرلىرىنى ھەممە جەھەتتىكى
خىزمەتلەرنى كۈچەيتىش ئارقىلىق تۈگىتىشىمىز لازىم. ياش-
ئۆسمۈرلەرنى كوممۇنىستىك ئەخلاق قارىشى بىلەن تەربى-
يىلەپ، ئۇلارنىڭ كوممۇنىستىك غايىگە بولغان ئىشەنچىسىنى
چىڭىتىش، ھەر ۋاقىت كوممۇنىستىك ئەخلاقنى ئۆز ھەركى-
تىگە ئۆرنەك قىلىشنى ئۆگىتىش بۇنىڭ ئىچىدىكى ئىنتايىن
مۇھىم بىر خىزمەت.

ئىككىنچى، كوممۇنىستىك ئەخلاق توغرىسىدا تەربىيە
ئېلىپ بېرىش تېچ-ئىتتىپاق بولۇشنى يەنىمۇ مۇستەھكەم-
لەش ۋە 4 نى زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى تېزلىتىشنىڭ
جىددى ئېھتىياجى. 11-نۆۋەتلىك پارتىيە مەركىزي كومى-
تېتىنىڭ 3-ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان، پۈتۈن پارتىيە خىز-
مىتىنىڭ مۇھىم نۇقتىسى سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش
قۇرۇلۇشىغا يۆتكەلدى. ئەگەر تېچ-ئىتتىپاق بولۇشتەك
سىياسى ۋەزىيەت ۋە ياخشى ئىجتىمائى كەيپىيات بولمايدىكەن،
4 نى زامانىۋىلاشتۇرۇشىمىز ئىنتايىن قىيىنغا چۈشىدۇ.
ئەخلاق ئۈستقۇرۇلمىغا مەنسۇپ، ئۇنى ئىقتىسادي بازىس
بەلگىلەيدۇ، يەنە كېلىپ ئۇ ئىقتىسادي بازىس ئۈچۈن خىز-
مەت قىلىدۇ، ئىقتىسادي تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. يې-
ڭى تارىخىي دەۋردە، 4 نى زامانىۋىلاشتۇرۇش ئۈچۈن

كىرىشىپ ئىشلەش ۋە ئۇنىڭغا پۈتۈن ۋۇجۇدىنى بېغىشلاش
كوممۇنىستنىڭ ئەخلاقىنىڭ مۇھىم مەزمۇنى. بىر نېچ ـ ئىتتىپاق
بولغان سىياسى ۋەزىيەتنى يارىتىش، ياخشى ئىجتىمائى كەيـ-
پىياتنى شەكىللەندۈرۈش ئۈچۈن، بىر تەرەپتىن، سوتسىيا-
لىستىك قانۇن ـ تۈزۈملەرگە تايىنىشىمىز لازىم؛ يەنە بىر
تەرەپتىن، كوممۇنىستىك ئەخلاق تۇغرىسىدىكى تەربىيىنى
كۈچەيتىپ، جامائەتچىلىكنىڭ ۋە ئەخلاقنىڭ كۈچىنى تولۇق
جارى قىلدۇرۇشقا تايىنىشىمىز لازىم. بۇ — ئاساسي تەرەپ.
لىن بىياۋ ۋە "تۆت كىشىلىك گۇرۇھ" زورلۇق ـ زومبۇلۇق
قىلغان چاغلاردا، "ئىشلىگەنلەرنىڭ يۈزى چورۇق، ئىشلىمە-
گەنلەرنىڭ يۈزى يورۇق" دەيدىغان ئەھۋال مەۋجۇت ئىدى،
ئۇلار جەمىيەت تەرتىۋى، ئىشلەپچىقىرىش تەرتىۋى ۋە خىز-
مەت تەرتىۋىنى بۇزىدىغان ھەركەتلەرنى "ئىنقىلاۋي ھەر-
كەت" دەپ قارايتتى؛ كورگەنلا يەرگە ئۇسۇپ، پارتىيە
رەھبەرلىكىگە قارشى تۇرۇپ ۋە ئىنتىزامنى بۇزۇپ يۈرگەن-
لەر "ئېقىمغا قارشى تۇرغان جەڭچى" بولۇپ ھېساپلىناتتى.
ئادەم بىلەن ئالۋاستىنى ئالماشتۇرۇپ قويىدىغان، ھەق بە-
لەن ناھەقنى ئاستىن ـ ئۈستۈن قىلىۋېتىدىغان مۇشۇنداق
جامائەت پىكرى، ئىجتىمائى كەيپىياتنى يامان بۇلغىۋەتتى،
مەملىكىتىمىزنىڭ ئىشلەپچىقىرىشىنى ئېغىر ھالدا بۇزغۇنچىلىق
قىلدى. "تۆت كىشىلىك گۇرۇھ" تارمار قىلىنغاندىن بۇيان،
بۇ تەرەپتىكى مەسىلە ئاساسي جەھەتتىن ھەل بولغان بول-
سىمۇ، لېكىن بىر قىسىم كىشىلەر، ئاساسەن، بىر قىسىم ياش-
ئۆسمۈرلەر يەنىلا سوتسىيالىستىك دېموكراتىيە بىلەن ھو-
كۈمەتسىزلىكنىڭ چېگرىسىنى ئايرىۋالالمىغانلىقى، دولەت،
كوللېكتىپ ۋە شەخسى مەنپەئەتنىڭ مۇناسىۋىتىنى قانداق

قىلغاندا توغرا ئورۇنغا قويۇشنىمۇ چۈشىنەلمىگەنلىكى ئۈچۈن، تېز - ئىتتىپاق بولۇشقا پايدىسىز بولغان، ئىجتىمائىي كەيپىياتقا زىيان يەتكۈزىدىغان، 4 نى زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىغا توسقۇنلۇق قىلىدىغان بەزى ئىشلارنى قىلىپ قويدى. بۇ مەسىلىلەرنى كوممۇنىستىك ئەخلاق توغرىسىدا تەربىيە ئېلىپ بېرىش ئارقىلىق تۈگىتىشكە توغرا كېلىدۇ. شۇڭا، كەڭ ياش - ئۆسمۈرلەر ئارىسىدا ۋەتەننى قىزغىن سۆيۈش، كوللېكتىپقا كۆڭۈل بۆلۈش، جاپاغا چىداپ ئىشلەش، ئاددىي - ساددا ياشاش، راستچىل - كەمتەر بولۇش، مەدەنىيەتلىك - ئەدەپلىك بولۇش، قانۇن - ئىنتىزامغا رىئايە قىلىش، باشقىلارغا ياردەم بېرىشنى ئۆزى ئۈچۈن خوشاللىق دەپ بىلىش، دۈشمەنگە باتۇرلۇق بىلەن قارشى تۇرۇش قاتارلىق ئىنقىلابىي خىسلەتلەرنى تۇرغۇزۇش لازىم. كەڭ ياش - ئۆسمۈرلەرنى 4 نى زامانىۋىلاشتۇرۇشنى بالدۇرراق ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن، "ئىشنى ئۆزىدىن باشلايدىغان، ھازىردىن باشلايدىغان، بىر - بىرلەپ ئىشلەيدىغان قىلىش لازىم". ۋەتەن ئۈچۈن يېڭى خىزمەت كۆرسىتىدىغان، 4 نى زامانىۋىلاشتۇرۇش يولىدا ياشلىق باھارىنى بېغىشلايدىغان قىلىش لازىم. ھەرقايسى سەپلەردە مەيدانغا كەلگەن يېڭى ئۇزۇن سەپەر زەربىدارلىرىنىڭ ۋە ئۆزىمىزنى قوغداپ، ۋيېتنام تاجاۋۇزچىلىرىغا قايتۇرما زەربە بېرىش جېڭىدە مەيدانغا كەلگەن قەھرىمان - نەمۇنىچىلارنىڭ ئىدىيىسىدىن كوممۇنىستىك ئەخلاقنىڭ نۇرى چاقناپ تۇرىدۇ. ناۋادا بىز كەڭ ياش - ئۆسمۈرلەر 4 نى زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىدا يېڭى ئۇزۇن سەپەر زەربىدارلىرى ۋە ئۆزىمىزنى قوغداپ، ۋيېتنام تاجاۋۇزچىلىرىغا قايتۇرما زەربە بېرىش جېڭىدە مەي-

دانغا كەلگەن قەھرىمانلاردەك تېچ-ئىتتىپاق بولۇشنى ئاڭ-
لىق قوغدايدىغان بولساق، ۋەتەننى، سوتسىيالىزمنى قىز-
غىن سۆيسەك، ئۆزىمىزنى ئۇنتۇغان ھالدا ئەمگەك قىلىدى-
غان بولساق، باتۇرلۇق بىلەن ئۆزىمىزنى بېغىشلايدىغان
بولساق ۋە يۈكسەك تەشكىلچانلىق ۋە ئىنتىزامچانلىققا ئىگە
بولساق، ھەممەيلەن مەدەنىي-ئەدەپلىك بولۇشنى ۋە ئىت-
تىپاقلىشىش-ھەمكارلىشىشنى تەكىتلەيدىغان بولساق، ھەم-
مەيلەن بىر نىيەت-بىر مەقسەتكە كېلىپ، 4 نى زامانىۋى-
لاشتۇرۇش بىلەن شۇغۇللىنىدىغان، پۈتۈن زېھنى قۇۋۋىتى-
مىزنى يىغىپ 4 نى زامانىۋىلاشتۇرۇش بىلەن شۇغۇللىنىدىغان
بولساق، ئۇ چاغدا، بىز چوقۇم كاپىتالىزمدىن كۆپ يۇقۇرى
بولغان ئەمگەك ئۈنۈمىنى يارىتالايمىز، ئېلىمىزنىڭ سوت-
سىيالىستىك 4 نى زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى جەزمەن
يۇقۇرى سۈرئەت بىلەن ئالغا قاراپ راۋاجلىنالايدۇ.

ئۈچىنچى، كوممۇنىستىك ئەخلاق توغرىسىدا تەربىيە
ئېلىپ بېرىش ئىنقىلاۋىي ئىشلىرىمىزنىڭ ئىزباسارلىرىنى
تەربىيلەش ۋە يېتىشتۈرۈشنىڭمۇ ئېھتىياجى، ياش-ئۆس-
مۈرلەر دۆلەتنىڭ كېلەچىكى ۋە ئۈمىدى، شۇنداقلا پرولې-
تارىيات ئىنقىلاۋىي ئىشلىرىنىڭ زاپاس كۈچى. بۈگۈنكى
كۈندە، ئون نەچچە ياش ۋە يىگىرمە نەچچە ياشتىكى ئۆس-
مۈرلەر ۋە ياشلار مۇشۇ ئەسىرنىڭ ئاخىرىغا بارغاندا، 30-
40 ياشلارغا بېرىپ قالىدۇ، بۇ ئۇلارنىڭ دەل ياش ۋە
غەيرەتكە تولغان ۋاقتى. ئۇلار سوتسىيالىستىك 4 نى زاما-
نىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ ئاساسىي قوشۇنى، شۇنداقلا كې-
يىنكى ئەسىردىكى تېخىمۇ يۇقۇرى نىشانغا قاراپ ئىلگىرى-
لەيدىغان تايانچ كۈچلەردۇر. شۇڭا، بىر يېڭى ئەۋلات

ياش - ئۆسمۈرلەرنى كوممۇنىستىك ئەخلاق بىلەن تەربىيە-
لەش ئىستىراتېگىيىلىك ئۇزاق ئەھمىيەتكە ئىگە، دەيمىز.

ياش - ئۆسمۈرلۈك دەۋرى بىلىم ئالىدىغان، جىسمانى
جەھەتتىن ئۆسۈپ - يېتىلىدىغان ۋە دۇنياقاراش پەيدىن -
پەي شەكىللىنىدىغان دەۋر. كىشىلەر ياش - ئۆسمۈرلەرنى
ھەمىشە نەۋ باھارغا، ئوتىغا ئوخشىتىدۇ، بۇنداق ئوخشىتىش
ناھايىتىمۇ ئەقىلغا مۇۋاپىق. ئەتىيازدا يەرگە ئەلا سورت-
لۇق ئۇرۇق سېلىنسا، ئاندىن كۈزدە ئۇنىڭدىن مول - ھوسۇل
ئالغىلى بولىدۇ؛ ياش مايسىلار كۆكلەپ قويۇپ پەرۋىش قى-
لىنىپ، ھارام شاخ - پۇتاقلىرى ئېلىۋېتىلگەندە، ئاندىن ئۇ
تۈۋرۈكلۈك ماتېرىيالغا ئايلىنالايدۇ. شۇڭا، بىز ياش - ئۆسمۈر-
لەرنى ئەخلاقىي، ئەقلىي، جىسمانى جەھەتلەردە تەربىيىلەپ
ۋە چېنىقتۇرۇپ، ئىقتىدارلىق كىشىلەردىن قىلىپ يېتىش-
تۈرۈپ چىقىشىمىز لازىم.

ياش - ئۆسمۈرلۈك دەۋردە يېتىشتۈرۈلگەن كوممۇ-
نىستىك ئەخلاقىي - پەزىلەت كىشىلەرنىڭ پۈتۈن ئۆمرىدە
زور رول ئوينايدۇ. قەدىردان جۇ ئېنلەي زۇڭلىيىمىز پۈتۈن
مەملىكەت خەلقىنىڭ سۆيۈشىگە ۋە ھۆرمىتىگە سازاۋەر
بولغان ئۇلۇغ ماركسىت ئىدى. بۇ ئۇنىڭ ياش - ئۆسمۈرلۈك
دەۋرىدە ئىسىل پەزىلەتنى ئاڭلىق يېتىشتۈرۈشىدىن ئايرىل-
مايدۇ. جۇئېنلەي زۇڭلى ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان چې-
غىدىلا، ۋەتەن قۇتقۇزىدىغان ئىرادىنى تىكلەپ، "جۇڭخۇا
ئېلىنى گۈللەندۈرۈش ئۈچۈن كىتاب ئوقۇش" قارارىغا كەل-
گەن ئىدى، ئۇ نامراتلىق ئىچىدە جاپاغا چىداپ كۆرەش
قىلىشتەك گۈزەل ئەخلاقىي پەزىلەتنى، مۇرەككەپ كۆرەش
شارائىتىدا ئىزچىل سادىق بولۇشتەك پاك ئىنقىلاۋىي روھنى



此为试读,需要完整PDF请访问: www.ertongbook.com